# 11884 ـ ئۆمرە پائالىيىتى جەريانىدا مېيىپقا ھەمرا بولغان كىشىنىڭ چىقىملىرىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟

**سۇئال**

مەن مېيىپ، بۇ يىل ئاللاھ خالىسا ئۆمرە پائالىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بارىمەن، مەن جىددىيدىكى قېرىندىشىمنىڭ مېنى كۈتۈۋېلىپ ھەمراھ بولۇپ، مەككە، مەدىنىگە ئېلىپ بېرىشىنى خالايمەن، چۈنكى ئۇمۇ ئۆمرە قىلماقچى، قېرىندىشىم يول كىراسىنى ئۆزۈم بېرىمەن دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ، ياتاق ۋە باشقا يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق چىقىملارنى مەن قىلىمەن، يول كىراسىنى قېرىندىشىم ئۆزى بەرسە بولامدۇ ياكى باشقا چىقىملارنى مەن ئۆتىگەندەك ئۇنىمۇ مەن بېرىۋەتسەم بولامدۇ؟ چۈنكى ئۇ ماڭا ياردەملىشىش ئۈچۈن كېلىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن،

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

قېرىدىشىڭىزنىڭ يول كىراسىنى سىز بەرسىڭىزمۇ ياكى ئۆزى بەرسىمۇ ئوخشاش، ئۇ سىزگە ھەمراھ بولۇپ بېرىش بىلەن بىرگە چىقىملىرىنى ئۆزى ئۆتىسە كۆپ ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ، سىزمۇ ئىككەيلەنگە سەرىپ قىلغان باشقا چىقىملارنى قىلىش ئارقىلىق ئەجىر-ساۋاپلارغا ئېرىشىسىز. ئاللاھ تائالا توغرا ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.